# كەڭگىس خانىم ۋە مەن

ئەركىن سىدىق

2023-يىلى 24-ئىيۇن

## كىرىش سۆز

مەن ئالدىنقى سەيشەنبە كۈنى (2023-يىلى 30-ماي) چەت ئەلدىكى بىر ئۇيغۇر سىنىپىدىكى 4، 5 ۋە 6 ياشلىق بالىلار قۇرئان يادلاۋاتقان بىر ۋىدىيونى كۆردۈم. مەن ئۇزۇندىن بۇيان غەربلىك بالىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۇستىدىكى ۋەزىپىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر ئىكەنلىكىدىن غەم قىلىپ كەلگەن، ھەمدە بۇ ھەقتە چەت ئەلدىكى ئاتا-ئانىلارغا نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، يۇقىرىقى ۋىدىيو مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتۇردى. مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى قانداق تۇرغۇزۇش كېرەكلىكى، ئۇ ئۈچ ئىشنىڭ قايسىسىنى قايسى ياشتا قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغان كەڭگىس خانىمدىن مەسلىھەت سوراش قارارىغا كەلدىم:

(1) ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئۆگىنىش
(2) ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مائارىپ تىلىنى ئۆگىنىش
(3) قۇرئان يادلاش

مېنىڭ كاللامدا يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، ۋەتىنىمىزنى خىتايلار تارتىۋېلىپ، يېقىنقى 6 - 7 مابەينىدە ئۇيغۇر نوپۇسىنىمۇ ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يوق قىلىۋەتتى. بىز ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ۋە ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىشتە كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلار ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئاشۇنداق تارىخىي ۋەزىپىنى لايىقىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئەڭ كەم دېگەندە خىتاي بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ئۇنىۋېرسال مىللىي ساپا بىلەن تەربىيەلىنىشى كېرەك؛ ناھايىتى كۈچلۈك رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك؛ قەلەمدە ۋە ئەلەمدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئېلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك.

مېنىڭ كاللامدا يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، مېنىڭ 5 ياشلىق نەۋرەم تېخى مەكتەپكە كىرمىگەن بولۇپ، ھازىر شەخسىيلەر مەكتەپ يېشىغا

توشمىغان باللار ئۈچۈن ئاچقان بىر خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. نەۋرەم ئۇ يەردە ئىنگلىزچە ھەرپلەرنى، باللارنىڭ ئىنگلىزچە كىتابلىرىنى ئوقۇشنى ۋە ئاددىي ھېسابلارنى ئۆگىنىدۇ. مەن ئۇ مەكتەپكە بېرىپ قاراپ باقتىم: ئۇ سىنىپلاردا ئوقۇيدىغانلار ئاساسەن خىتاي باللىرى، كورېيەلىك باللار ۋە ھىندىستانلىق باللار ئىكەن. يۇقىرىقى 3 مىللەت ھازىر بىر قىسىم ساھەلەردىكى رىقابەتتە غەربلىك ئاق تەنلىكلەرنى بېسىپ چۈشۈۋاتىدۇ. باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلاپ دەرسكە يېتىشىپ ماڭالمىغان باللارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى ئوقۇشتىمۇ ئوتتۇرا ھال ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ئورۇننى تۇتۇپ ماڭالمايدۇ. باللارنىڭ باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ ئەلا ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار باللىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مائارىپ تىلى ۋە ھېسابتا يېتەرلىك دەرىجىدىكى بىلىمگە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئۇنى ئۆزلىرى قىلسىمۇ بولىدۇ، ياكى يۇقىرىقىدىكىدەك شەخسىي مەكتەپلەردە قىلغۇزسىمۇ بولىدۇ. بارلىق ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىدىن مۇنداق سوئالنى سوراپ تۇرغىنى ياخشى: ھازىر تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى كەلگۈسىدە خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشەلەمدۇ؟ ئۇلار كەلگۈسىدە ھەممە ساھەلەردە خىتاي بىلەن ئېلىشالامدۇ؟

مەن ئەسلىدە كەڭگېس خانىمغا خەتنى 5-ئاينىڭ 31-چېسلا (تۈنۈگۈن، چارشەنبە كۈنى) ۋاقىت چىقىرىپ يېزىشنى پىلانلىغان ئىدىم. تۈنۈگۈن ئەتىگەن خىزمىتىمنى باشلاش ئۈچۈن كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ، ئادىتىم بويىچە بىرىنچى ئىش سۈپىتىدە ئېلخەتلەرنى تەكشۈرسەم، ماڭا كەڭگېس خانىمنىڭ يولدىشى دوكتور روبېرت فىللىپسون ( Robert Phillipson) دىن بىر پارچە ئېلخەت كېلىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر توپ كىشىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئېلخەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر شۇم خەۋەر بايان قىلىنىپتۇ: دۇنياغا تونۇلغان يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل مۇتەخەسسىسى، دانىيەدىكى ئىككى ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى كەڭگېس خانىم 29-چېسلا ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆلىدە سۇ ئۈزۈۋاتقاندا بىر كېسەل تاسادىپىي قوزغىلىپ، سۇغا چۆمۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ماڭا دەپ بېرىشىچە، كەڭگېس خانىمنىڭ 7 مو شەخسىي زېمىنى بار بولۇپ، بىر چوڭ سۇ ئۈزۈش كۆلىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئىستېمال قىلىدىغان ھەممە سەي-كۆكتاتلارنى ئۆزى تېرىپ ئۆستۈرىدىكەن، ھەمدە يازدا ھەر كۈنى بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا باراۋەر كېلىدىغان ئارىلىقتا سۇ ئۈزىدىكەن. ئۇ ئادەتتە ھەر قېتىم سۇ ئۈزگەندە، ئېرى روبېرت ئۇنىڭدىن 20-30 مىنۇت كېيىن چىقىپ بىللە سۇ ئۈزىدىكەندۇق. ئۆيى بىلەن كۆلنىڭ ئارىلىقى 700 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، 29-چېسلامۇ روبېرت كەڭگېس خانىمدىن 20 مىنۇت كېيىن چىققانىكەن. ئۇ كەڭگېس خانىمنى كۆرگەندە كەڭگېس خانىم كۆلدە دۈم يېتىپ، نەپسى يوق، لەيلەپ قالغانىكەن. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، كەڭگېس خانىم ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ياكى مېڭە قان تومۇرى يېرىلىپ كېتىش كېسىلى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

مەن كەڭگېس خانىم بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ تونۇشقاندىن بۇيان، ئۇنى ئۆزۈم ئۇچۇن بىر ئۇستاز تۇتقان، ئۆزۈم ئۇچۇن بىر كۈچلۈك روھىي تۈۋرۈك ھېسابلىغان، ھەمدە ئىزچىل تۇردە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدىم. مەسىلەن، مەن ئۇيغۇر پىروجېكت فوندىنىڭ ئىنگلىزچە تور بېتى (https://uyghursfoundation.org) دىكى مەزمۇنلارنى ئۆزۈم تەييارلاپ، ئۇنىڭغا تەھرىرلەتكۈزگەن ئىدىم. خىتاي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، يۇرتقا بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە ئۆزىمىز قارار ئالىدىغان پەيت كەلگەندە مەن كەڭگېس خانىمنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ۋەتەنگە ئاپىرىشنىمۇ خىيال قىلىپ يۈرگەنىدىم. بىراق، بۇ مۇمكىنچىلىكلەر ئەمدى يوق بولدى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلىدىغان ئىشلىرىم تۈگىمەي تۇرۇپ، ئۇ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. مەن تۇنۇگۈندىن باشلاپ قاتتىق قايغۇردۇم. مەن، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلار قايسى؟ دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن قارار قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئۆزۈمنىڭ كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە قىلغان ئىشلىرىنى يېزىپ چىقىپ، دىياسپورادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا سۇنۇش. مەن ئۇ ئىشلارنى كۆپ قىسىمغا بۆلۈپ يېزىپ، مۇشۇ يەرگە ئۇتتۇرلۇق چىقىرىمەن. ھەممە قىسمى تۈگىگەندە تولۇق يازمىنى ئۆزۈمنىڭ meripet.com تور بېتىگە چىقىرىپ قويىمەن. مېنىڭ كەڭگېس خانىم بىلەن قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غېمىدە قىلغان ئىشلار ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېزىشقان ئېلخەتلەردىنمۇ نەچچە يۈز پارچە خەت بار بولۇپ، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ئۇلارنى پات يېقىندا رەتلەپ چىقىپ، ئىنگلىز تىلىدا شۇ پېتى، بىر ئېلكىتاب (PDF كىتاب) شەكلىدە ئېلان قىلىمەن. مەن بۇ يازمىلارنى قېرىنداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



1-رەسىم: كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە. 2013-يىلى 15-فېۋرال كالىفورنىيە ئىشتاتى لوڭ بىچ (Long Beach ، ئۇزۇن دېڭىز قىرغىقى) شەھىرىدە تارتىلغان.

## 1. مەن كەڭگېس خانىم بىلەن قانداق تونۇشتۇم؟

كۆپىنچىلىرىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، كوممۇنىستىك خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىشنى ئۆزلىرىنىڭ 1-دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلدى. ئاشۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇيغۇر تىلىنى ئەڭ دەسلەپكى يوقىتىش ئوبيېكتى قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلار 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ «قوش تىللىق مائارىپ» نىقابى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى. 2005-يىلى ئۇيغۇر تىلى سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مەكتەپلەرگە قوشۇۋېتىپ، ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپ سىستېمىسىدىن بىكار قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىدىم. 2007-يىلى 18-سېنتەبىر ئۆزۈمنىڭ «قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ؟»

(http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb2.htm) دېگەن ماقالىسى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا «قوش تىللىق باھانىسى» بىلەن يولغا قويغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇيغۇر تىلىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان قەبىھ سىياسىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلاپ، كەڭگېس خانىمنىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدىكى كۆپ يىللىق ئىلمىي كىتاب-ماقالىلىرى بىلەن تونۇشتۇم، ھەمدە ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى قوش تىللىق مائارىپ ساھەسىدىكى زامانىۋى بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسنى يوقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تېمىلاردا 7 پارچە ماقالە يېزىپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلاردا ئېلان قىلدىم:

--قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ؟ (2007-9-18)
--باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىش زۆرۈرلۈكىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى (2008-12-18)
-- «قوش تىللىق مائارىپ» قانداق بولۇشى كېرەك؟ (2008-12-25)
--خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل (4 قىسىم، ئاخىرقىسى 2009-3-15)

ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشنى تېخىمۇ كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەن 2009-يىلى 3-مارت كەڭگېس خانىمغا خەت يېزىپ، ئۇ خانىم بىلەن ئالاقە ئورناتتىم، ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ كەڭگېس خانىم بىلەن ئىزچىل تۈردە يېقىن مۇناسىۋەت ساقلاپ كەلدىم. مەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن كەڭگېس خانىم ماڭا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ئېلان قىلىدىغان ئىلمىي ماقالىلىرى، نەشر قىلدۇرىدىغان كىتابلىرى ۋە سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرنى تىلغا ئالىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى، ھەمدە ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى. يەنى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، نۇتۇقلىرى، لېكسىيەلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يىغىنلاردا كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كەڭگېس خانىم بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇ خانىم مېنى ئۇيغۇر تىلىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان بىر قىسىم مۇھىم ماتېرىياللار ۋە ئۆزى يازغان كىتاب بىلەن تەمىنلىدى. مەن شۇلاردىن پايدىلىنىپ يەنە تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە ماقالىلەرنى يازدىم:

--خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى (2010-9-15)
--ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟ (2010-10-6)
--يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەر (2012-5-25)

مەن يازغان قوش تىللىق مائارىپقا ئائىت ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ meripet.com تور بېتىمدە بار:
http://www.meripet.com/Sohbet/

مەن ئۇلارنى يىغىپ، بىر تور كىتاب (ياكى PDF كىتاب) قىلىپ تارقاتتىم. ئۇ مەن تەييارلىغان 7-ئېلكىتاب بولۇپ، ئۇمۇ meripet.com تور بېتى ۋە باشقا بىر قانچە ئۇيغۇرچە ئېلكىتاب تور بەتلىرىدە بار:
http://www.meripet.com/Kitab/Erkin_Sidiqning_Tor_7-Kitabi.pdf
http://www.meripet.com/Kitab/

توۋ سكۇتناپ-كەڭگېس خانىم (Tove Skutnabb-Kangas, http://www.tove-skutnabb-kangas.org/en/index-en.html) ئانا تىل مائارىپى، قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق مائارىپ، تىل ھوقۇقى، تىل قىرغىنچىلىقى، تىلشۇناسلىق، تارىخ ساھەسىدە دۇنيادا ناھايىتى نوپۇزى ئۇستۇن ئالىم بولۇپ، ياۋروپادىكى ئىككى ئالىي مەكتەپتە پىروفېسسورلۇق قىلغاندىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارالىق ئورگانلاردا ئالىي مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. ئۇ ناھايىتى كۆپ ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلارنى يازغان، ھەمدە يەنە ناھايىتى كۆپ ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلارنى تەھرىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكى تور بەتتە بار:
http://www.tove-skutnabb-kangas.org/en/all_publications.html

**Erkin Sidick** <erkinsid[redacted]
To: skutnabbkangas@gmail.com
Tue, Mar 3, 2009 at 3:51 PM

Dear Dr. Tove Skutnabb-Kangas,

First, I would like to thank you for all the wonderful work you have done in your research fields. I have read your book, "Linguistic Genocide in Education – Or Worldwide Diversity and Human Rights?", your paper titled "Language in the process of cultural assimilation and structural incorporation of linguistic minorities", and two UNPFII expert papers, and learned a lot from them. In addition, I have introduced the content of the above works to the Uyghur educators in my homeland.

Please allow me to briefly introduce myself. My name is Erkin Sidick, and I belong to the Uyghur ethnic group, one of the Turkic groups living in East Turkistan (ET). My homeland East Turkistan was occupied by the Communist China in 1949, and became part of China since then. In my estimation, the number of the Uyghur population living in ET is between 10 to 15 million. I came to the US in 1988, got a master and a PhD degrees in Physics and Electrical Engineering, respectively, and now I work as a Member of Senior Technical Staff at NASA Jet Propulsion Laboratory, California Institute of Technology in Pasadena, California.

I was told that the Uyghur people and the people of Finland are blood-related.

The reason for writing this email to you is to provide you with some information about the Chinese government's assimilation policy towards the Uyghurs and get some advises from you if possible about what the Uyghur people should do to survice. There are many examples in your book and papers but you didn't mention the Uyghurs. From that I came to the conclusion that you are not aware of the situation of the Uyghur people. The State sponsored systematic linguistic and the cultural assimilation process that the Uyghur people are currently being undergone started in early 1990's and has all the ingrediants of cultural genocide described in your work. Some examples include stopping the use of Uyghur language as the medium of education from kindergarden to university, creating residential schools everywhere and far away from home and moving the Uyghur students to those schools, and sending the Uyghur middle and high school students to schools in the inner Chinese proper (Han Chinese regions) thousands of kilometers away from the Uyghur homeland. I can provide you with more information, but first I would like to make sure that I established a contact with you.

I look forward to your reply.

With my best regards,
Erkin Sidick

1.1-رەسىم: مەن كەڭگېس خانىمغا يازغان بىرىنچى خەت.

ts **Tove Skutnabb-Kangas** <skutnabbkangas@gmail.com>
To: erkinsidic[redacted]
Tue, Mar 3, 2009 at 5:51 PM

dear Erkin
thanks. Short, writing from Bangkok airport, on my way to Nepal. In fact I tried to support a protest against the linguistic and educational oppression of Uighurs some years ago, but nothing came of it because the main person (a Canadian professor) never got his act together. I had done quite a lot of the groundwork. - Less than 2 weeks ago I was in New York to talk at a seminar organised by Trace Foundation (google them please) - they work with Tibetans. My Power Point might be on their web site already. The situation in China seems to be hardening. No more now, my plane is soon leaving. I'll be home after the 22nd, and the situation with electricity in Nepal is so bad that I am not sure how often I might be able to access emails while there.

with solidarity
Tove

Dr Tove Skutnabb-Kangas
email:SkutnabbKangas followed by @gmail.com
new home page under construction: www.tove-skutnabb-kangas.org

2009/3/4 Erkin Sidick <erkinsidi[redacted]

> Dear Dr. Tove Skutnabb-Kangas,
>
> First, I would like to thank you for all the wonderful work you have done in your research fields. I have read your book, "Linguistic Genocide in Education – Or Worldwide Diversity and Human Rights?", your paper titled "Language in the process of cultural assimilation and structural incorporation of linguistic minorities", and two UNPFII expert papers, and learned a lot from them. In addition, I have introduced the content of the above works to the Uyghur educators in my homeland.

1.2-رەسىم: ماڭا كەڭگېس خانىمدىن كەلگەن بىرىنچى جاۋاب خەت.




1.3-رەسىم: مەن «قوش تىللىق مائارىپ»قا ئائىت ماقالىلىرىمنى توپلاپ تەييارلىغان 7-تور كىتابىمنىڭ مۇقاۋىسى.

## 2. كالىفورنىيەدىكى ئۇچرىشىش

كەڭگېس خانىم 2013-يىلىنىڭ بېشىدا ماڭا ئۆزىنىڭ شۇ يىلى 2-ئايدا لوس ئانژېلىس رايونىدىكى Long Beach دېگەن شەھەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە كەڭگېس خانىم «كالىفورنىيە قوش تىللىق مائارىپ بىرلەشمىسى»نىڭ 2013-يىلىدىكى يىللىق يىغىنىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئۇ يىغىن 13-فېۋرالدىن 16-فېۋرالغىچە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. كەڭگېس خانىم «كۆپ تىللىق مائارىپ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دېگەن تېمىدا 3 سائەت ئىلمىي دوكلات بېرىدىكەن. مەن كەڭگېس خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشىراق ئالاقە ئورنىتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ يىغىنغا ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ تىزىملاتتىم، ھەمدە 15-فېۋرال كۈنى ئىدارەمدىن بىر كۈن رۇخسەت سوراپ، ئۆيدىن 95 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ، ئاشۇ يىغىنغا باردىم. شۇ كۈنى

كەڭگېس خانىم بىلەن بىر كۈن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي دوكلاتىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. شۇ كۈنلۈك يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كەڭگېس خانىمنى يىغىن مەيداندىن 38 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دولان ئۇيغۇر رېستورانىغا ئاپىرىپ، لەغمەن ۋە گۆشنان بىلەن مېھمان قىلدىم.

كەڭگېس خانىم شۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچۈن 251 بەتلىك بىر سىيرىلما ھۆججىتى تەييارلىغان بولۇپ، بىز كۆرۈشكەندە ماڭا ئۇ ھۆججەتنى ئۆزۈم ئالغاچ بارغان بارماق دىسكىغا كۆچۈرۈپ بەردى. مەن بۇ قېتىم يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ ھۆججەتنى ئۆزۈمنىڭ تور بېتىگە قويۇپ قويدۇم:
https://www.meripet.com/2023/Kangas_CABE_Feb_2013.pdf



Fwd: CABE 2013 - Featured Speaker Location and AV

Tove Skutnabb-Kangas <skutnabbkangas@gmail.com>  Jan 29, 2013, 12:51AM
to me

Erkin, here is the info on where my presentation is. Recovering from the second shoulder operation which was 16 Jan. You'll hear from Isabel about the dinner invitation date - I haven't heard yet. A big hug, Tove

From: yanessa@bilingualeducation.org <yanessa@bilingualeducation.org>
Date: 29 January 2013 00:55
Subject: CABE 2013 - Featured Speaker Location and AV
To: "skutnabbkangas@gmail.com" <skutnabbkangas@gmail.com>

cabe 38TH Annual Conference
CABE2013 Voices for Change
February 13-16, 2013
Long Beach Convention Center
Long Beach, California

January 28, 2013

Tove Skutnabb-Kangas
Roskilde University, Denmark, And Abo Akademi Vasa

CABE would like to thank you again for being a Featured Speaker for our 38th Annual Conference (CABE 2013). Our conference theme is "**Voices for Change**". The conference will be held February 13-16, 2013 at the Long Beach Convention Center – 300 E. Ocean Blvd., Long Beach, CA 90802. We will need you to check in at the VIP Registration booth located on the 1st level.

We currently have your Featured Presentation scheduled for **Friday, February 15, 2013** from **2:00:00 PM** to **5:00:00 PM.**

**Presentation Information**
**Location:** The Hyatt Regency Long Beach **Room:** Beacon A
**Set-Up:** Banquet **Capacity:** 200

**A/V:** LCD Projector/Screen & Mic

2.1-رەسىم: ماڭا كەڭگېس خانىمدىن كەلگەن، يىغىن ھەققىدىكى ئۇچۇر يېزىلغان ئېلخەت.




2.2-رەسىم: كەڭگېس خانىم بەرگەن دوكلاتنىڭ تېمىسى.



2.3-رەسىم: يىغىن جەريانىدىكى بىر كۆرۈنۈش.



2.4-رەسىم: دولان ئۇيغۇر رېستورانىدا كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە.

## 3. «خەلقئارا قوش تىللىق مائارىپى ژۇرنىلى»دىكى مەن ئاپتورلۇقتىن قالدۇرۇلغان بىر ئىلمىي ماقالە

كەڭگېس خانىم 2014-يىلى «خەلقئارا قوش تىللىق مائارىپ ژۇرنىلى (International Journal of Bilingual Education and Bilingualism)»نىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، خىتايدىكى بىر ۋاڭ فامىلىلىك پىروفېسسوردىن ئۇيغۇر قوش تىللىق مائارىپى ھەققىدە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە كەلگەن بولۇپ، كەڭگېس خانىم ئۇ ماقالىنى ياراتماي، ماڭا بۇ ماقالىگە بىرىنچى ئاپتور بولۇپ، ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇ ماقالىنى مەزكۇر ژۇرنالغا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق ئىلمىي ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بايانلارنىڭ ھەممىسىگە رەسمىي نوپۇزغا ئىگە مەنبە ياكى ئىسپات كۆرسىتىشكە توغرا كەلگەچكە، ئۇ ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىش ناھايىتى كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلاتتى. كەڭگېس خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ۋاقىتقىچە ئۆزى قول تىقىپ باققان قوش تىللىق مائارىپ، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدىكى خەلقئارالىق ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە كۆرۈپ باققان ئەمەسكەن. شۇڭا ۋاڭ فامىلىلىك پىروفېسسورنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ، ئەمما ئۇنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى ئۇچرىغان ئېغىر زىيانكەشلىكلەرنى دۇنياغا بىلدۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە، مەن كەڭگېس خانىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، نەچچە ئاي ۋاقىت قاتتىق تىرىشىپ، ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقتىم.

ماقالە پۈتكەندە ئۇنى كەڭگېس خانىم تەھرىرلىدى. ۋاڭ فامىلىلىك پىروفېسسور ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىرسى بولۇپ، ماقالە تەييار بولۇپ، ژۇرنالغا بېسىلىدىغانغا ئازراقلا ۋاقىت قالغاندا، ئۇ كەڭگېس خانىمغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ: «مەن ئاخشام شىنجاڭدىن كەلگەن بىر توپ تونۇشلىرىم بىلەن بىر سورۇندا بولغانىدىم. پاراڭلارنىڭ ئارىسىدا مەن بۇ قېتىم تەييارلىغان ماقالىمىزنى ۋە ئەركىن سىدىقنى تىلغا ئالسام، سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى ماڭا ئەركىن سىدىقنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئەگەر مەن بۇ ماقالىنى ئەركىن سىدىق بىلەن بىللە ئېلان قىلسام، مەن ئېغىر دەرىجىدە جازالىنىپ، خىزمىتىمدىنمۇ ھەيدىلىشىم مۇمكىن. شۇڭا بۇ ماقالىنى ئەركىن سىدىقنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋېتىپ ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن». كەڭگېس خانىم بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈپ، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ماقالىدىكى ئىسمىمنى باش ھەرپلىرى مېنىڭ ئىسمىمنىڭ باش ھەرپلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان «ئەرىك سمىس» (Eric Smith) گە ئۆزگەرتىپ ئېلان قىلىش تەكلىپىنى بەردىم. كەڭگېس خانىم بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولدى،

ھەمدە «ماقالىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، سىزنىڭ ئادرېسىڭىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادرېسىنى ئىشلىتەيلى» دېدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

كەڭگېس خانىم بۇ قارارنى ۋاڭ فامىلىلىك پىروفېسسورغا يەتكۈزگەندە، ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى «Eric Smith» دەپ ماقالىگە كىرگۈزۈشكىمۇ قوشۇلماي، مېنى ئاپتورلۇقتىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. كەڭگېس خانىم قانداق قىلىش ھەققىدە مەندىن يەنە مەسلىھەت سورىدى. مېنىڭ كەسپىم ئوپتىكا (ياكى نۇر) ئىلمى بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ژۇرناللاردا بىرىنچى ياكى قوشۇمچە ئاپتور بولۇپ (كۆپىنچىسىدە مەن بىرىنچى ئاپتور)، جەمئىي 76 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ بولدۇم، يەنە ئۈچ كىتاب پارچىسى (book chapter) گە، ۋە 30 پارچە يىغىن ماقالىسىگە ئاپتور بولۇپ بولدۇم، ھەمدە ئۈچ دانە ئامېرىكا پاتېنتىمۇ ئالدىم. مېنىڭ تىل جەھەتتىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىگە ئاپتور بولۇش-بولماسلىقىم مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىشمۇ ئەمەس بولۇپ، مەن ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى مۇشۇنداق بىر قىممەتلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر پاجىئەسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىۋېلىش، دۇنيادىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىردىن خەۋەردار قىلىش ئىدى. شۇڭا مەن كەڭگېس خانىمغا ئۇ ماقالىنى مېنىڭ ئىسمىمنى ئاپتورلۇقتىن چىقىرىۋېتىپ ئېلان قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى دېدىم.

دۇنيادا ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر، ئەگەر ئېلان قىلماقچى بولغان بىر ئىلمىي ماقالىنى تەييارلاش جەريانىدا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسا، ھەمدە ياردەم قىلغان ئۇ كىشىلەرنى ماقالە ئاپتورلۇقىغا قوشمىغان بولسا، ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر «مىننەتدارلىق سۆزى» (acknowledgement) يېزىپ، ئۇنىڭدا ياردەملەشكۈچىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. مەن كەڭگېس خانىمغا يۇقىرىدىكى تەكلىپنى بەرگەندە، مېنىڭ ئىسمىمنى ماقالە ئاپتورلۇقىدىن چىقىرىۋېتىشنى، ئەمما ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئىسمىمنى «Eric Smith» دەپ ئېلىپ، ماڭا ۋە كەڭگېس خانىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئېيتتىم. نەتىجىدە مەزكۇر ماقالە شۇ تەرىقىدە يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 2014-يىلى 9-ئايلىق سانىغا بېسىلدى.



3.1-رەسىم: كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە.

**+ +++++++++++++++++++ Tove Skutnabb-Kangas (2014-5-1) ++++++++++++**

Dear Erkin

A big problem. I promised this morning to peer review an article about Uyghurs and their language rights in education. I started making some comments in the theoretical part, and finished reading it just now, having arrived in Helsinki for my monthly granny visit a few hours ago (my grandson is in bed). The topic is incredibly important, and there are materials in the article that should be published. But the article is a veritable mess. The author does not seem to understand much about language rights; s/he is not really competent in academic conventions; s/he does not know where various concepts and ideas come from and refers to occasional people who may have mentioned them, not to the sources; there are LOTS of basic errors; the structure of the article is helpless, etc etc. And the English is hopeless.

It is completely impossible for me to recommend publishing. The article needs a complete rewrite. I am sure the author is incapable to do it, even if one were to give her/him maximal support.

What occurred to me was the following. I could suggest that the article needs a really competent coauthor, and could then be resubmitted, with two authors. Since I am on the editorial board, I think the editors might accept this if I argue for it because of the importance of the topic. And you can already guess whom I would suggest as the coauthor who would rewrite the article completely. Would you?

Of course this would presuppose that the author accepts this. I don't know if s/e is capable of seeing how impossible the article is in its present form.

I am in Helsinki until Sunday, then a couple more days in Sweden (YES, we have sold the farm and moved - will have to tell you more later), and then I will be out of reach of internet for maybe a week. All of this would need to be organized before I disappear.

Please reply as soon as you can. I'm attaching the article with a few of my comments at the beginning. it gets worse later and I have not commented - it would be red all over. - But I see this as an opportunity to get the plight of the Uyghurs published more in a good journal that is read widely among academics. - I'll also forward the letter they wrote to me this morning.

Going to bed, good night, a warm hug to you and your wife. Tove

3.2-رەسىم: كەڭگېس خانىمنىڭ ماقالە ھەققىدە ماڭا يازغان بىرىنچى خېتى.

**From Erkin on 1 May 2014:**

Dear Tove,

So great to hear from you!

I received your email and am humbled. I will read the article tonight (Thursday) and give you a definite answer tomorrow (Friday) morning, if that is OK with you. I first need to make sure that I can contribute to the article.

I am very grateful for considering me for this.

So, is your primary residence in Denmark now?

Wishing you the best, Erkin

**From Tove on 1 May 2014:**

Thanks for being willing!! We now live in Sweden (Baravägen 9, 22240 Lund). A flat , 5th floor, really nice, pretty quiet, modern, almost new. Next to Lund's oldest and largest cemetery, almost like a park. 15-25 minutes walk through the cemetery to the centre of Lund (an old university town), so we can walk to concerts (have been to MANY), theatre, all the libraries, etc etc. And our summer house is a 40-minute drive from there, in the middle of woods (even if there are neighbours), 600 metres from a lake where we can swim and fish. Ideal - we think it is just right for us.

Hoping you think you can rescue the article.

Breakfast with grandson. Hugs, Tove

**From Erkin on 2 May 2014:**

Dear Tove,

Just as you said, it is an important article as far as the Uyghur people are concerned, and yes, there are a lot of problems as well, including grammar. Please go ahead and recommend me for a co-authorship. In case the author agrees, I may ask him to use as many recent references as possible, and I may even some facts with the people/educators back home. Because, the situations has changed drastically in the last 10 years, and any references before 2004 might be too old now.

I wish you a wonderful time for your visit. Erkin

**From Tove on 2 May 2014:**

Wonderful, I am really glad. I'll write to the editors immediately. Tove

3.3-رەسىم: مەن كەڭگىس خانىم بىلەن يېزىشقان ماقالە ھەققىدىكى بىرقانچە پارچە خەت.



On 3 May 2014 08:31, Tove Skutnabb-Kangas <skutnabbkangas@gmail.com> wrote:

Dear J

I have found a possible solution for the Uyghur article. The article that I have now read thoroughly has a theme that is incredibly important, and people in general, including researchers, know very little if anything about it. But the article is in many ways in need of a complete rewrite. Academic conventions, many errors in the theoretical framework, little recent literature. many haphazard reference that do not refer to the sources (don't even know the sources but refer to 3rd or 4th hand sources where somebody has just happened to mention something), the English is full of errors, etc etc. I hope what I suggest is acceptable both to you as editors and to the author.

One of my Uyghur friends has read it (yes, I have broken the confidence!). I asked whether he would be willing and would take the time to be a coauthor and mend the article; he said yes an hour ago. He lives in California, is a NASA engineer in high position. He follows the Uyghur situation very closely and has been back often. As far as I remember, he has only last year been refused by China to go back. He has written very much about the Uyghurs, especially about their lack of linguistic human rights in education, much of it more "popular" articles, but he is fully familiar with the "academic" conventions. Mostly he has written under a pseudonym. I spent a full day with him in LA in February - he took a day off his work and came to hear my 3-hour lecture at CABE (CABE gave me a Vision Award) and we spent the rest of the day together talking about the Uyghur situation (and eating wonderful Uyghur food). He is very objective and rational about the situation. He also has all the recent references that the author does not have, and since the situation has changed really drastically during the last decade, they are a necessity, he wrote.

Now if you accept, the next step would be to ask the author. I am not sure whether s/he knows how "bad" the article is, but I am sure that the author cannot revise it on her/his own so that it would be acceptable, regardless of how much support I as a peer reviewer would give. - I have not asked my friend yet whether he would coauthor under his own name or under a pseudonym, but I do feel that he should get credit if he revises it - it is a major job. - I would then promise to peer review it again.

I am in Helsinki, with my grandson, and don't want to spend much more time on this now - back in Lund, Sweden, tomorrow (Sunday) evening, and then I disappear again to our summer house on Wednesday morning, probably for a week or so (Robert and I have a major piece of work that we have to get going on). We can write there, but are not on the net, so this has to be organised quickly. Sorry!

If you accept, I will give you my friends email. I am also willing to correspond directly with the author, as far as it can happen when I am on the net, and if you think it is needed.

I hope you accept. Apologies for suggesting this very unusual way of doing it. Best, Tove

3.4-رەسىم: كەڭگېس خانىم 2014-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى «خەلقئارا قوش تىللىق مائارىپ ژۇرنىلى»نىڭ مەسئۇللىرىغا يازغان، مېنى بىرىنچى ئاپتور قىلىپ، ماقالىنى قايتا يېزىپ چىقىش ھەققىدىكى خەت.


*International Journal of Bilingual Education and Bilingualism,* 2014
http://dx.doi.org/10.1080/13670050.2014.969678



**Assessment on language rights in education domain: shift-oriented, maintenance-oriented or something else?**

Wang [redacted]

*College of Foreign Languages,* [redacted] *China*

(*Received 7 August 2014; accepted 17 September 2014*)

There is a trend towards the shift of the Uyghur language as the language of instruction in schools in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region of China. This article presents several examples of such a shift first and then it reviews the concept of language rights (LR) and applies them to the current situation of the Uyghur language in education domain. After that it presents and discusses some reasons to address a pressing concern of the LRs in Xinjiang in accordance with China's domestic conventions as well as with some international conventions. In the end, it introduces the concept of language ecology on the basis of legally binding LRs as an ideal outlet for the Uyghur language in Xinjiang.

**Keywords:** shift; education domain; language rights; Uyghur language

**1. Introduction**

China acknowledges 55 minority nationalities which comprise of 8.14% of the total population of the nation, with the rest being Han Chinese. One of the most significant minority areas of China is Xinjiang Uyghur Autonomous Region (hereafter Xinjiang),

3.5-رەسىم: مەزكۇر ماقالىنىڭ ژۇرنالدىكى 1-بېتىنىڭ بىر پارچىسى.


President Xi Jinping has recently reiterated core socialist values in 24 Chinese characters, urging deep understanding and comprehensive implementation of the moral doctrine nationwide. Core socialist values comprise a set of moral principles summarised as prosperity, democracy, civility, harmony, freedom, equality, justice, the rule of law, patriotism, dedication, integrity and friendship. All this has evolved into a national campaign to rebuild faith amid the concerns in all walks of the great nation.

The Fourth Plenary Session of the 18th CCP Central Committee to be held in October 2014 will focus on establishing a lawful society (e.g. http://www.chinadaily.com.cn/china/2014-07/30/content_18207030.htm). We do hope that a series of rules linking with the LRs of minorities in education domain can be strengthened. Strengthening and implementing minority language protection is a most necessary prerequisite for the maintenance of minority people's language and culture.

**Acknowledgements**

I am grateful to Eric Smith and Tove Skutnabb-Kangas for useful discussions, feedback and editing of this article.

**References**

Akinnaso, F. N. 1991. "Toward the Development of a Multilingual Language Policy in Nigeria." *Applied Linguistics* 12 (1): 29–61. doi:10.1093/applin/12.1.29.

Baker, C. 2001. "Review of Tove Skutnabb-Kangas, Linguistic Genocide in Education – Or Worldwide Diversity and Human Rights?" *Journal of Sociolinguistics* 5 (2): 279–283.

Banks, J. A. 2007. "Approaches to Multicultural Curriculum Reform." In *Multicultural Education: Issues and Perspectives*. 6th ed., edited by J. A. Banks and C. A. M. Banks, 247–269. Hoboken, NJ: John Wiley & Sons.

Bovingdon, G. 2002. "The Not-So-Silent Majority: Uyghur Resistance to Han Rule in Xinjiang." *Modern China* 28 (1): 39–78. doi:10.1177/009770040202800102.

Bovingdon, G. 2010. *The Uyghurs: Strangers in Their Own Land*. New York: Columbia UP.

Breziger, B. 2010. "From Maastricht to Lisbon. The Development of Language Legislation." In *Language Power and Pedagogy: Bilingual Children in the Crossfire*, edited by J. Cummins, 98–101. Clevedon: Multilingual Matters.

Crawford, J. 1991. *Bilingual Education: History, Politics, Theory, and Practice*. Los Angeles, CA:

3.6-رەسىم: مەزكۇر ماقالىنىڭ ژۇرنالدىكى ئەڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ بىر قىسمى.

## 4. كەڭگېس خانىمنىڭ خىتاي سەپىرى ۋە باشقا بىرقانچە مۇھىم ئىشلار

كەڭگېس خانىم 2015-يىلى 8-فېۋرالدا ماڭا خەت يېزىپ، ئېرى روبېرت بىلەن ئىككىسى شۇ يىلى 25-ئۆكتەبىردىن 8-نويابىرغىچە خىتايغا بېرىپ، شاڭخەيدە ئىككى ھەپتە دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتىدىغانلىقىنى دېدى. مەن بۇنى شاڭخەيدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كەڭگېس خانىم بىلەن ئۇچرىشىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەن، دەپ ئويلاپ، شۇ چاغدا مەن بىلەن ئالاقە ساقلاۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۇم. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، شۇ ۋاقىتتا شاڭخەيدىكى ئۈچ ئالىي مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن. كېيىنچە ھېلىقى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى خىتاينىڭ بىر تور بېتىدىن كەڭگېس خانىمنىڭ شاڭخەي ۋە نەنجىڭدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تەييارلىغان پائالىيەت كۈنتەرتىپ جەدۋىلىنى تېپىپ، ئۇنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى.

مەن ئۇنى كەڭگېس خانىمغا ئەۋەتىپ بەردىم. مەن ئاشۇ تونۇشۇم ئارقىلىق شائخەيدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا مۇمكىن بولسا كەڭگېس خانىمنىڭ دوكلات-لېكسىيەلىرىگە قاتنىشىشىنى تەۋسىيە قىلدىم. كەڭگېس خانىمنىڭ ئۇ خىتاي سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ لېكسىيە سورۇنلىرىغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار زادىلا كەلمىگەن بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ توسقۇنلۇقىدىن گۇمان قىلىپتۇ. كەڭگېس خانىمنىڭ دېيىشىچە، ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ قوش تىللىق مائارىپ ساھەسىدىكى ئىلمىي بايقاشلارنى ئاساس قىلغان دوكلات-لېكسىيەلىرى شائخەي ۋە نەنجىڭدە ئانچە قارشى ئېلىنماپتۇ. لېكسىيەلەرگە كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ئەھۋالنى بۇرۇن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىكەن. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىنلىقى باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپتۇ.

ئاشۇ مەزگىللەردە كەڭگېس خانىم ماڭا ئۆزى بىۋاستە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، شۇ يەردىكى خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قوش تىللىق مائارىپنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇرلاردەك يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپى ۋە ئانا تىل ئوقۇتۇشىنى قانداق ئېلىپ بارغاندا ئىلمىي ئىش قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىلىم ۋە تەكلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەگەر ئاشۇنداق ئىش مۇمكىن بولۇپ قالسا، مەنمۇ ئۆز چىقىمىم بىلەن كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە بېرىپ، تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ھەمدە بۇ ئىشلارنى ۋەتەندىكى شۇ چاغدا مەن بىلەن ئالاقىسى بار بەزى ئۇيغۇر مائارىپچىلارغا دېدىم. ماڭا پەقەت «ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جاۋابلا كەلدى. 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ئەھۋال ھەممىمىزگە ئايان بولۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەقسىتى «قوش تىللىق مائارىپ»نى ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى شۇنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىش بولغاچقا، مەن بۇ ئىشتىن ئەسلىدىنلا ئانچە ئۈمىد كۈتمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ دەل مەن پەرەز قىلغاندەك بولدى. كەڭگېس خانىمنىڭ ئاشۇ ياخشى كۆڭلىمۇ يەردە قالدى.

ئاشۇ يىللىرى مەن كەڭگېس خانىمغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (Uyghur Human Rights Project) نىمۇ تونۇشتۇردۇم. نەتىجىدە كەڭگېس خانىم بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالاقە چەمبىرىكى ئىچىدىكى كىشىلەرگە يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن كەڭ تارقاتتى، ھەمدە بەزىدە ئۇلارغا تەكلىپ بەردى. مەن يېقىندا ئېلكىتاب (ياكى PDF كىتاب) شەكلىدە تورغا چىقىرىپ قويماقچى بولغان «كەڭگېس خانىم بىلەن يېزىشقان ئېلخەتلەر» دېگەن كىتابقا مۇشۇ ساھەدىكى ئېلخەتلەرمۇ كىرگۈزۈلىدۇ.

مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق، 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى كەڭگېس خانىمغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ھازىرقى خەلقئارالىق سىستېما ئىچىدە بىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇستىدىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى جىنايىتى ئاساسىدا ئەرز قىلغىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم. كەڭگېس خانىم مېنىڭ خېتىمگە جاۋابەن بەزى تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ مېنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇستىدىن ئەرز قىلىش ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ ساھەدە مەن ۋە كېيىن قۇرغان «ئۇيغۇر مەشئەل گۇرۇپپىسى» ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيەدە ئېچىلغان «ئۇيغۇر سوتى» بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر قىسىم ئىشلارنى قىلدۇق. مەن كېيىنچە بۇ ھەقتە ئايرىم يازما تەييارلاپ، ئۇنى چەت ئەلدىكى قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

مەن ۋە چەت ئەلدىكى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ھەمكارلىشىپ، 2019-يىلى 6-ئايدا «ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى»نى قۇردۇق. ئۇنى ئامېرىكىدا «تاپاۋەتسىز تەشكىلات» قىلىپ رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىنگلىزچە تور بېتى (https://uyghursfoundation.org) نىمۇ تەييارلىدۇق. مەن ئۇنىڭ «بىز كىم» (About) ۋە «پىرېزىدېنتنىڭ سۆزى» (President’s Message) قىسمىنى ئىنگلىزچە يېزىپ، ئۇنى چەت ئەلدىكى دوستلىرىمنىڭ ئۆزگەرتىش-تولۇقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كەڭگېس خانىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشىغا تەھرىرلەپ بېرىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار يۇكسەك قىزغىنلىق بىلەن مېنىڭ تەلىپىمنى ئورۇنلاپ بەردى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەن بارا-بارا كەڭگېس خانىمدىن ھەر قانداق ئىشتا ياردەم ياكى مەسلىھەت سورىسام، ئۇ خانىم مېنىڭ تەلىپىمنى دەرھال بېجىرىپ بېرىدىغان بىر خىل مۇناسىۋەت ۋۇجۇدقا كەلدى.



4.1-رەسىم: كەڭگېس خانىم بىلەن بىللە. 2013-يىلى 2-ئايدا تارتىلغان.

**+ +++++++++++++++++++ Tove Skutnabb-Kangas (2015-2-8) +++++++++++**

Pretty alarming news. Must make your people's situation even worse if possible.
Robert and I have just had confirmation that we are going to Shanghai to give a 2-week PhD course, at Shanghai International Studies University, SISU. We have suggested having the last week of October and the first week of November there. The Ministry of Education pays our travel (which will be expensive; we have insisted on Business class - we are too old for anything else). Our host has just been appointed full professor (he thinks he may be the youngest professor in China...). Obviously we have to reflect a lot on what to say - we don't want to cause any trouble for him.

I'll write more when we have come further in the planning.

We are busy doing the editing of the 4-volume Routledge Language Rights book.

All the best, warm greetings, Tove

**From Erkin on 8 Feb 2015:**

Dear Tove,

I am so glad to hear from you. I thought to write to you several times, just short greetings, but that makes your busywork even busier, so I stopped.

Which course you are going to teach in Shanghai?

In fact, there is a "psychological warfare" going on in our homeland, so the situation there is indeed much worse.

Did you get a copy of Wang Ping's article? I haven't it yet.

With my best wishes, Erkin

**From Tove on 8 Feb 2015:**

Dear Erkin
I asked for it long ago - here it is (The PDF file of the article published in "International Journal of Bilingual Education and Bilingualism") .
It is a PhD course on Language Policy and Planning. Warmest wishes, Tove

4.2-رەسىم: كەڭگىس خانىمنىڭ ماڭا يازغان خىتاي سەپىرى ھەققىدىكى خېتى.

Schedule in China (Tove and Robert)

Lodging place: SISU Guest house (on campus) 上外迎宾馆

Standard room with two beds 双标间

Arrival: Oct.25th,2015 Pudong airport (SAS, 10:55), airport pick-up 安排接机

| Date | Time | Content | Location |
|---|---|---|---|
| Oct.25 Sunday | 17:00-19:00 | Reception by Shen Qi and Dean Zhao | On campus |
| Oct.26 Monday | | Free time for rest and preparation | N/A |
| Oct. 27 Tuesday | 14:00-16:00<br>17:00-19:00 | Lecture at Fudan University<br>Dinner at Fudan (Dr. Zheng Yongyan) | N/A |
| Oct.28 Wednesday | 18:00-20:15 | LPP course(1st session) | 5#602 |
| Oct.29 Thursday | 13:45-16:00 | LPP course (2nd session) | 5#602 |
| Oct.30 Friday | 13:45-16:00 | LPP course (3rd session) | 5#602 |
| Oct.31 Saturday | 9:00-17:00 | LPP Workshop | Library |
| Nov.1 Sunday | 9:00-17:00 | LPP Workshop | Library |
| Nov.2 Monday | 18:00-20:15 | LPP course (4th session) | 5# 602 |
| Nov.3 Tuesday | | Visit to Nanjing (South East University)<br>hosted By Dean Chen and Dr. Gao Jian | |
| Nov.4 Wednesday | | Visit to Nanjing(South East University)<br>hosted By Dean Chen and Dr. Gao Jian | |
| Nov.5 Thursday | 13:45-16:00 | LPP course (5th session) | 5#602 |
| Nov.6 Friday | 13:45-16:00 | LPP course (6th session) | 5#602 |
| Nov.7 Saturday | 10:00-11:30 | Meeting with SISU professors | 5#602 |
| Nov.8 Sunday | 11:00 | Departure and seeing off | Guest house |

In order to make sure you have good rests during your stay in Shanghai, I cut down the course from 24 class hours to 18 class hours (45 minutes/class hour in China). There are some adjustments in your visit to Fudan (Oct.27) and Nanjing (Nov.3-Nov.4).

4.3-رەسىم: ماڭا شاڭخەيدىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن كەلگەن، كەڭگېس خانىم ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ خىتايدىكى پائالىيەت كۈنتەرتىپ جەدۋىلى. بۇنى ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تۈزگەن.

**From Erkin 29 Jul 2017:**

Thank you very much for your quick reply -- I am so happy to read your reply, and to know that you and Robert are all doing well. Also, I am so impressed by your courage and hard work on your physical exercise -- I can't do nearly as much as you do, even though I am only 59 now.

Some Uyghur intellectuals are asking me if we can sue the Chinese government in an international court on charges of what they are doing to assimilate the Uyghurs. I said "No", but I would like to hear what you think.

Please let me know if you come to the LA area again. I would love to see and chat with you again.

With my best regards, Erkin

**From Tove 29 Jul 2017:**

About suing the Chinese government - you need to ask an international lawyer. Fernand de Varennes would be a good one to ask. Please ask him - it is too complex for me to describe the various possibilities and the challenges with each one, and I am not a lawyer. To sue them in a court that can make them do something is more or less impossible; the International Criminal Court in the Hague https://www.hrw.org/topic/international-justice/international-criminal-court would be the only one. Go to https://www.hrw.org/news/2017/07/17/day-international-criminal-justice and give your email to follow international human rights - you can always unsubscribe. Check at https://www.hrw.org/news/2017/07/17/day-international-criminal-justice what China is party of. Do all this before you write to Fernand. There are lots of websites for more information. Share this info with your friends.

I won't come to California any more. I have decided to say no to all travel that is outside Europe. Two reasons (or three). My age. My CO2-footprint. And I don't have much new to say. I have said no to two Californian invitations already, even if they would have paid business class flight, and even a fee (unusual). Likewise two invitations to have, together with Robert two two-week courses in Hyderabad, India, for lawyers, educationalists, applied linguists, from many universities. We MIGHT do it so that Robert goes (he is, after all a year and 8 months younger than me...), and gives all my lectures too, on the basis of my Power Points, and I will be available for some hours for questions that he does not know as much about as I do, on Skype, Zoom, or something similar. Also no to a 2-day course in Mozambique, invitation from the vice prime-minister who heard me at a UNESCO conference in Mali, Bamako, some years ago. All no's from the last 4 months. And several European invitations too - I might accept something later but I doubt it. Also, my hearing is pretty bad, even if my new hearing aid helps a lot. I still write articles, and have a few PhD-students who have not finished, all in other countries. No Uyghur ones, sadly. There are SO many reports, books, articles, that I need to read; I still edit the book series Linguistic Diversity and Language Rights for the British publisher Multilingual Matters, plus organising a lot of my own things so that they are available on the web. And it takes half a day to go through my emails and reply just to the most important ones - like yours. Plus I am getting a bit slower, and my memory is not what it used to be... and so on.

Now, I had planned to finish an article today. Luckily, it is Robert's cooking week - we alternate.

a warm hug, Tove

**From Erkin on 29 Jul 2017**

Dear Tove,

Thank you very much for your advice. I have forwarded what you told me to my Uyghur intellectual friends. I will definitely do some research on this topic, and let you know if we take any action.

I believe it is a big loss that you cannot travel anymore in such a crucial time of the history. In the US, the government political establishment and political think tanks/academics are completely separated such that the establishment ignores all the warnings coming from the other side. China wants to rule the whole world in its ancient way, and the world is completely ignoring all the warning signs--they are still not aware of what is coming. China is not as innocent as it looks. She does everything with secret, careful and long-term planning. May be you have heard about the "The 100 year marathon" book. Take a quick look at that book if you have the time.

With love, Erkin

4.4-رەسىم: مېنىڭ كەڭگېس خانىمغا يازغان، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھەققىدىكى خېتىم، ۋە كەڭگېس خانىمنىڭ جاۋابى.

## 5. «تىل كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى» دېگەن كىتابتىكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بىر باب

كەڭگېس خانىمدىن ماڭا 2020-يىلى 2-ئايدا «تىل جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى» دېگەن بىر ئىنگلىزچە كىتابقا ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە بىر باب تەييارلاپ بېرىش ھەققىدە بىر تەكلىپ كەلدى. كەڭگېس خانىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، مەن ئۆزۈمنىڭ دوستلىرى ئابدۇۋەلى ئايۇپ بىلەن شۆھرەت تېكىنىنى بۇ ماقالىنى بىللە يېزىشقا تەكلىپ قىلدىم. نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇرنىڭ تىل تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي

قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى بىر پارچە 16 بەتلىك ئىلمىي ماقالە تەييارلىنىپ، ئۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى. ماقالىنى تەييارلاش جەريانىدا كەڭگىس خانىم ۋە ئۇنىڭ ئېرى روبېرت ئەپەندى يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە مېھرىبانلىق ئىچىدە بىزگە كۆپ قېتىم يېقىندىن ياردەم بەردى. كىتابنىڭ كورىكتورلۇق ۋە باشقا سۈپەت تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى قىلغان خادىملارمۇ بىزگە ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ بىزگە بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلقنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇردۇم. دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق نەشرىيات شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋايلى (Wiley) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيادىكى نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىشى مەقسەت قىلىنغان تىل ھوقۇقى جەھەتتىكى تۇنجى نوپۇزلۇق كىتاب 2022-يىلىنىڭ ئاخىرى نەشردىن چىقتى. بۇ كىتاب ھازىر ئامازوندا ۋە ۋايلى نەشرىياتىنىڭ تور بېتىدە بىر دانىسى 195 دوللاردىن سېتىلىۋاتىدۇ.

بىز تەييارلىغان مەزمۇن كىتابقا «24-باب» قىلىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم بۆلۈملەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ بۆلۈملەرنى بىز تۆۋەندىكىدەك تەقسىمات بويىچە تەييارلىدۇق:

*--قىسقىچە مەزمۇنى: ئەركىن سىدىق
*--1. كىرىش سۆز: ئەركىن سىدىق
*--2. ئۇيغۇر تىلىنىڭ 1949-يىلىدىن بۇرۇنقى تارىخى: شۆھرەت تېكىن
*--3. ئۇيغۇر تىلىنىڭ 1949-يىلىدىن كېيىنكى تەقدىرى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ
*--4. خىتاي ھاكىمىيىتى سادىر قىلغان باشقا جىنايەتلەر: ئەركىن سىدىق
*--5. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسەتلىرىگە كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى: شۆھرەت تېكىن
*--6. خەلقئارالىق قانۇن-كېلىشىملەرگە كىرگۈزۈلگەن تىل ھوقۇقلىرى: ئەركىن سىدىق
*--7. خەلقئارانىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىغا بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرى: شۆھرەت تېكىن
*--8. خۇلاسە: ئەركىن سىدىق

ۋايلى نەشرىياتى بۇ كىتابنى ھەر بىر ئاپتورغا بىر دانىدىن ھەقسىز ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۈچ ئۇيغۇر ئاپتورنىڭ كىتابى پوچتا ئارقىلىق ماڭا كەلدى. ۋايلى نەشرىياتىنىڭ تور بېتىدە بۇ كىتاب ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ كىتاب ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ بىر بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تىل جەھەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بايان

قىلىنىدۇ. كۆپلىگەن خەلق ۋە جامائەتنىڭ كۈرەش ئاۋازى ئاڭلىتىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى دۇنيا ساقلاۋاتقىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى.»
https://onlinelibrary.wiley.com/doi/book/10.1002/9781119753926


From: **Tove Skutnabb-Kangas** <skutnabbkangas@gmail.com>
Date: Fri, Feb 7, 2020 at 11:46 AM
Subject: an article about the Uyghurs - advice?
To: Erkin Sidick [redacted]
Cc: Tove Skutnabb-Kangas <skutnabbkangas@gmail.com>, Robert Phillipson <rp.msc@cbs.dk>

Dear Erkin
two things:
1. Robert gets every day news about the Uyghurs. I "complained" at some point that it is too much - but now I get too little. I tried to find out whom to contact to get what R gets but couldn't find how to subscribe. Could you ask them to send the daily news to me too please!

2. We are editing a HANDBOOK OF LINGUISTIC HUMAN RIGHTS - see the attachment. We have identified some 40 titles (around 50 people), for articles of various lengths. All other authors except the ones for the Roma and the Uyghurs have been identified, and we started today to send out Invitations. Could you help us here. The title for the Uyghur article should be something like "The suppression of the LHRs of the Uyghurs in China" and it should be in **Part 3 The suppression of LHRs: a worldwide problem.** The length should be 4000 words. I copy the short invitation below, and there is a bit more info in the attachment, also about the various Parts.

What we thus send to people is two documents, the one below, and the attachment. (My letter to you continues after the short invitation below)

We (Tove Skutnabb-Kangas and Robert Phillipson) have been asked by Wiley-Blackwell to edit a *Handbook of Linguistic Human Rights*. We are writing to you to ask if you are willing and able to author (or conceivably co-author) a chapter, tentatively called "The suppression of the LHRs of the Uyghurs in China". This title is merely suggestive. Your chapter should not exceed 4000 words, including references, but excluding an abstract and a bio. We are looking for theoretically informed analyses that document empirical evidence of respect for linguistic human rights or its absence.

Our provisional plan is for up to 40 chapters in six parts, which we describe in the attached letter to contributors. We envisage that your article would be included in Part 3.

Please reply within the next two weeks stating whether you can participate, and a provisional title for your chapter. We are hoping that (almost) everyone that we are approaching will agree to write. If you know that you definitely cannot, we would be grateful if you could inform us as soon as possible, so that we can identify an alternative author. When we have heard from possible contributors we will submit the official Proposal to Wiley-Blackwell. Once we have a contract, we will send you more details.

We hope to start receiving contributions around **August 2020**, and **at the very latest by March 1st 2021**. The earlier we receive your chapters, the better. The final revised contributions should reach us at the latest by **August 1st 2021**.

When replying, please click on 'Reply to all' so that responses are sent to both of us.

With warm good wishes from us both
Tove Skutnabb-Kangas, www.Tove-Skutnabb-Kangas.org and Robert Phillipson, www.cbs.dk/en/staff/rpmsc

Knowing what the situation is the article could have one author or several, and they do not need to use their own names if they do not want to. They could have invented names (and we could say that they are not their real names, but the editors know who they are), or they could just be called "anonymous", also adding that we editors know who they are. The article should obviously be "scholarly". As soon as we start getting YES from people we will send you the tentative Table of contents (or if you want it now, in order to see what kind of book it is, I could send it to you). I have, just within an hour of sending out some invitations, already had several YES.

5.1-رەسىم: كەڭگىس خانىم ماڭا يازغان، كىتاب ھەققىدىكى ئېلخەت.



Erkin Sidick <erkin
to Tove
Feb 15, 2020, 9:11AM

Dear Tove,

I sent the info you sent to my group, which includes Abduweli Ayup as well. But he did not say anything. So I talked to another Uyghur, who was a teacher at Xinjiang Univ before, and got a PhD in the US. He is older than me. He agreed to be co-author. But I will ask Abduweli as well--I think it is OK to have 3 authors, right?

Thanks!

--Erkin

Erkin Sidick <erki
to Tove
Feb 15, 2020, 9:12AM

Or, if you agree, I want to add another author, that way we will have 4 co-authors. Is that OK?

Tove Skutnabb-Kangas <skutnabbkangas@gmail.com>
to me
Feb 15, 2020, 9:39AM

all ok. Sounds very good. Tell me all the names when you have more or less decided. hugs again, T

--

Erkin Sidick <erkin
to Tove
Feb 15, 2020, 10:54AM

Got you. Thanks!

Tove Skutnabb-Kangas <skutnabbkangas@gmail.com>
to me
Apr 14, 2020, 7:37AM

Dear Erkin - we are just writing a letter to all the contributors. Could you please send the names and emails of your coauthors as soon as possible. - I have put several Uyghur things on my Facebook, including the latest about China & UN, and there are replies from people, and many have shared them. In haste, best, Tove

5.2-رەسىم: مەن كەڭگىس خانىمغا ماقالە ھەققىدە يازغان ئېلخەتلەرنىڭ بىرقانچە مىسالى.




5.3-رەسىم: «تىل كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى» دېگەن كىتابنىڭ تېشى.


vi *Contents*


**Part II International Standards for Linguistic Human Rights** 175

11 Some Shortcomings of Linguistic Rights 177
GUDMUNDUR ALFREDSSON

12 Linguistic Human Rights Challenges in the Work of the UN Special Rapporteur on Minority Issues 183
FERNAND DE VARENNES

13 Time, Politics, and Linguistic Human Rights: *Bringing Words to our Songs* 195
ELSA STAMATOPOULOU

14 Linguistic Human Rights Challenges in the Work of the UN Permanent Forum on Indigenous Issues 211
OLE HENRIK MAGGA

15 Linguistic Human Rights in Relation to the Administration of Justice: A European Perspective 227
KRISTIN HENRARD

16 Using the UN Human Rights Treaty System to Defend LHRs 235
ANDREA BEAR NICHOLAS, LORENA FONTAINE, AMOS KEY, JR, AND KARIHWAKÉRON TIM THOMPSON

17 The Bangkok Statement on Language and Inclusion: A Rose by Any Other Name? 251
KIRK R. PERSON

18 Linguistic Human Rights in the Work of the World Federation of the Deaf 267
VICTORIA MANNING, JOSEPH J. MURRAY, AND ALEXANDRE BLOXS

**Part III Case Studies: Linguistic Human Rights Violated** 281

19 Resistance to the Violations of Linguistic Human Rights in Nunavut, Canada 283
ALUKI KOTIERK

20 Linguicide and Historicide 295
ANDREA BEAR NICHOLAS

21 Linguistic Human Rights for Indigenous Peoples in the USA 303
JON REYHNER

22 Linguistic Human Rights of Minorities in China 319
MINGLANG ZHOU

23 Linguistic Human Rights in Tibet: Advocacy and Denial 327
GERALD ROCHE

24 Linguistic, Cultural, and Ethnic Genocide of the Uyghurs in Xinjiang, China 341
ABDUWELI AYUP, SHUNGQAR TÉKIN, AND ERKIN SIDICK

25 Linguistic Human Rights in Kurdistan 357
JAFFER SHEYHOLISLAMI

26 The Linguistic Human Rights Plight of Hungarians in Ukraine 373
ISTVÁN CSERNICSKÓ AND MIKLÓS KONTRA

27 A Tale of Two Springs and an Impending Winter: Linguistic Human Rights and the Politics of Dignity in North Africa 383
AHMED KABEL


5.4-رەسىم: «تىل كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى» دېگەن كىتاب مۇندەرىجىسىنىڭ بىر پارچىسى.



24 Linguistic, Cultural, and Ethnic Genocide of the Uyghurs in Xinjiang, China

ABDUWELI AYUP, SHUNGQAR TÉKIN, AND ERKIN SIDICK

The Uyghur Region has been under Chinese control since 1759. In this chapter, we review policy changes affecting the Uyghur language and people from 1949 to the present. Various attempts have been made to modify, regulate, and restrict the use of the Uyghur language, culminating in 2017 executive directives to remove Uyghur's status as an official language in the region, stop using Uyghur as the language of instruction in all schools, and stop using it for all government business. We also review attempts at opposition to oppressive policies, and discuss the concept language rights (LRs), including linguistic human rights (LHRs) and how they apply to the current situation of the Uyghur language in education and other domains. Finally, we present and discuss reasons to address urgently LRs in Xinjiang in relation to international human rights instruments.

24.1 Introduction

China acknowledges 55 minority ethnic groups which make up 8% of the total population (Population Reference Bureau 2011), the remaining 92% being Han Chinese. One of the most significant minority territories occupied by China is the 'Xinjiang Uyghur Autonomous Region' (hereafter Xinjiang), located in northwestern China, bordering Afghanistan, India, Kazakhstan, Kyrgyzstan, Mongolia, Pakistan, Russia and Tajikistan. It is geographically the largest administrative region in China, equivalent to one-sixth of China's territory. Until recently, the Uyghurs were the majority ethnic group in Xinjiang. As of 2010, approximately 46% of Xinjiang's population was of Uyghur ethnicity (National Bureau of Statistics of China 2011), and Han people in Xinjiang made up 40.06%. Uyghurs numbered 11.66 million in 2018 (Xinjiang Statistical Yearbook 2018). There are some smaller ethnic groups (13.7% of the total population) living in Xinjiang, most of whom are Turkic peoples native to the region.

The Handbook of Linguistic Human Rights, First Edition. Edited by Tove Skutnabb-Kangas and Robert Phillipson.
© 2023 John Wiley & Sons, Inc. Published 2023 by John Wiley & Sons, Inc.

5.5-رەسىم: «تىل كىشىلىك ھوقۇق قوللانمىسى» دېگەن كىتابتىكى بىزنىڭ ماقالىمىزنىڭ باش بېتى.

## 6. ئاخىرقى سۆز

كەڭگېس خانىمنىڭ ئۆلۈمى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنلىكتىن، مەن ئۆزۈمنىڭ بەزى پىلانلىرىنى ئورۇنلىيالماي قالدىم. ئۇنىڭ ۋاپاتى مەن ۋە باشقا بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش بولدى. كەڭگېس خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم سۆزلەيدىغان ۋىدېيولۇق لېكسىيەمدە خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدىغان مۇنداق ئىككى ئېھتىماللىق بارلىقىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالدىم:

1) خىتاي دۆلىتىنىڭ تەيۋەنگە ھەربىي ھۇجۇم باشلىشى

2) خىتايدىكى ئىقتىسادىي چېكىنىش ھازىرقىدەك داۋاملىشىپ، ئۇ كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ۋەيران بولۇپ، نەتىجىدە خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

مەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بەك تۆۋەن، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئىككىنچى خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئەمما، بۇ يىل 18-ئىيۇن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بلىنكېن خىتاي زىيارىتىنى باشلىغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئامېرىكا-خىتاي ۋە ياۋروپا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدىكى بىر قىسىم يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن مەن يۇقىرىدىكى ئىككىنچى خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يەنى، ئەسلىدە خىتاي ئۆز ئالدىغا قويۇپ بېرىلگەن بولسا، ئىككىنچى خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى خېلى يۇقىرى ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە ناچارلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ تەختتىن چۈشۈپ كېتىشىنى، خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ بىر يېڭى ھاكىمىيەتكە ئالمىشىشىنى، ھەمدە خىتاي دۆلىتى سىياسىي تۈزۈمىنىڭ باشقا بىر يېڭى تۈزۈمگە، مەسىلەن، بىر دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆزگىرىشىنى ئىستىمەيدىكەن. بلىنكېن ئەپەندى بېيجىڭدا مۇخبىرلار يىغىنى ئاچقاندا بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى «ئامېرىكىنىڭ سىياسەتلىرى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئوبدان كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ خىتايدا ھاكىمىيەت ئالمىشىشىنى ۋە سىياسىي تۈزۈم ئۆزگىرىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھېچقانداق چارە-تەدبىرلىرى ياكى پىلانلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

دېمەك، بىزگە سىرتتىن ياردەم كەلمەيدىكەن، بىزنى قۇتقۇزغىلى سىرتتىن ھېچكىم كەلمەيدىكەن. بىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش، خىتاي زۇلمىنى توختىتىش، ھەمدە خەلقىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنى خىتاي قولىدىن ئازاد قىلىشتا بىز پەقەت ئۆزىمىزگىلا تايانمىساق بولمايدىكەن. مەن بۇ ئەمەلىيەت ھازىر چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى قانداق ياشاش ھەققىدىكى پىلانىنى تۈزۈشتە ئەڭ مۇھىم ئاساس بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ بېشىدا ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ يۈكىنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدىم. ئۇيغۇر تەقدىرىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنىڭ قانداق تەربىيەلىنىپ يېتىلدۈرۈلۈشى بەلگىلەيدۇ. مېنىڭچە بالىلارنىڭ باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلاپ ئەلا ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلىرىغا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق ئۆگىتىپ، سانلارنى ۋە بىر قىسىم ئاددىي ھېسابلارنىمۇ ئۆگىتىپ، ئۇلارنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە تەييار

قىلدۇرۇشنى 1-ئورۇنغا قويۇشى، ئادەتتە ئۆيدە ئانا تىلدا سۆزلەشكەندىن باشقا، بالىلىرىغا ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئۆگىتىشنى 2-ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلاپ ئەلا ئوقۇيالمىغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى كېيىنچە ئەلا ئوقۇغۇچى ئورنىغا چىقالمايدۇ. مېنىڭچە، بالىلىرىنى باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن باشلاپلا ئەلا ئوقۇغۇچى قىلىپ ئوقۇتۇش مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ، مەن ھازىرقى خىتاي دۆلىتى ئەھۋالى ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەت، ھەمدە بۇ جەھەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى كۆزىتىش ئاساسىدا، ھەمدە كەڭگېس خانىمدىن ئۆگەنگەن يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل ھەققىدىكى بىلىملەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەشەببۇس ۋە تەكلىپتۇر. كەڭگېس خانىمنى ئەسلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، بالا تەربىيەسىدە ئىلمىي يوسۇندا ئىش قىلىشتىن ئىبارەت.

*بۇ ماقالىنى «پېداكار» ئىنىمىز تەھرىرلىگەن.*